# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر ئەھلىنى ئۆز زېمىنىدىن چىقىدىغان خورما ياكى زىرائەتلەرنىڭ تەڭ يېرىمىنى تۆلەشكە پۈتۈشتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر ئەھلىنى ئۆز زېمىنىدىن چىقىدىغان خورما ياكى زىرائەتلەرنىڭ تەڭ يېرىمىنى تۆلەشكە پۈتۈشتى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

خەيبەر زىرائەت رايونى بولۇپ، ئۇ يەردە يەھۇدىلاردىن بىر گۇرۇھ ياشايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرنى ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى پەتھى قىلىپ ئۇنىڭ زېمىنى ۋە ئېتىزلىقلىرىنى جىھادقا ئىشتىراك قىلغۇچى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندە، ئۇلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بىرەلمىدى، يەنە كىلىپ خەيبەر يەھۇدىلىرى بۇلارغا قارىغاندا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ياخشىراق بىلەتتى، چۈنكى ئۇلار دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا كۆپ تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ زېمىنىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرىنى بولغان يەھۇدىلارنىڭ، ئۇ يەردە زىرائەتلەرنى تېرىپ، دەرەخلەرنى سۇغۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى بەدىلىگە تىرىلغۇ يەردىن چىققان مول ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى، مۇسۇلمانلار بۇ يەرنىڭ ھازىرقى ئىگىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن يېرىمىنى ئېلىشىنى قارار قىلدى

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/6023